# 279568 ـ ئىپراد ھەججىنى نىيتى بىلەن تاۋاپۇل قۇدۇم قىلىپ، ئۆمرە نىيتى بىلەن سەئيى قىلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن ھەججى ئىپراد قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كېلىپ بىر بۆلەك ئىخلاسمەن ياشلار بىلەن بىللە ھەج قىلدىم، مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، مەن ئۇلارغا: ھازىر نېمە قىلىمىز؟ دېسەم، ئۇلار: تاۋاپ قىلىپ، سەئيى قىلىمىز دېدى، مەن ئۇلارغا: يەنى ئۆمرە قىلىمىزمۇ؟ دېدىم مەن تاۋاپ قىلىپ ئۆمرە قىلىش نىيتى بىلەن سەئيى قىلدىم، مەن تاۋاپ بىلەن سەئيىنىڭ ھەج ئۈچۈن بولىدىغانلىقى، مېنىڭ ئۆمرە قىلىشىمنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتىم، مېنىڭ قىلغان ھەججىم توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يالغۇز ھەج قىلىش دېگەن: ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆمرە قىلماستىن پەقەت ھەجنىلا مەقسەت قىلىشتۇر.

بىرىنچى: يالغۇز ھەج قىلغۇچى مەككىگە كەلگەندە قەدەم تەشرىپ قىلىش تاۋاپىنى قىلىدۇ، بۇ شەكىلدە تاۋاپ قىلىش يالغۇز ھەج قىلغۇچى ئۈچۈن سۈننەتتۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن ساپا ـ مەرۋىدە سەئيى قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارشىدا بۇ كىشى ھەجدىن بۇرۇن يەنى ئەرەپاتقا چىقىشتىن بۇرۇن ساپا ـ مەرۋىنى سەئيى قىلغان بولسا بۇ ھەجنىڭ سەئيىسىغا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇ كىشى ئەرەپاتتىن كېيىن سەئيى قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

مالىكي مەزھەب ئۆلىمالىرىدىن بەھۇتىي "كەششاپۇل قىنناﺋ" 2-توم 411-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ھەججى ئىپراد قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى يالغۇز ھەجنىلا قىلىدۇ، ئەگەر ئىلگىرى پەقەت ئۆمرە قىلىپ باقمىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ھەجدىن كېيىن ئۆمرە قىلىدۇ".

"پىقھى تويلاملىرى"29-توم 121-بەتتە: قەدەم تەشرىپ قىلىش تاۋاپى توغرىسىدا مۇنداق كەلگەن: "يالغۇز ھەج قىلغۇچى دەسلەپتە كەلگەندە قىلىدىغان تاۋاپ: قەدەم تەشرىپ قىلىش، يېڭىدىن كېلىش ۋە كەبىنى ھۆرمەت قىلىش تاۋاپى دەپ بىر قانچە ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ، چۈنكى مەككىگە سىرتتىن تۇنجى قېتىم كەلگەنلەر كەبىنى ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتنى تاۋاپ بىلەن باشلايدۇ، شۇنداقلا بۇ تۇنجى كېلىش ۋە دەسلەپكى ئۇچرىشىش تاۋاپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھەنەپىي، شاپىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭ قارشىدا، قەدەم تەشرىپ قىلىش تاۋاپىنى مەككىگە سىرتتىن يېڭىدىن

كەلگەن كىشىلەرگە بەيتۇللاھنى ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەندىن كېيىن كىچىكتۈرمەستىن تېزدىن قىلىشى سۈننەت بولىدۇ.

ئىككىنچى: ئەگەر سىز تاۋاپ قىلىپ، سەئيى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقماي، يالغۇز ھەجنى مەقسەت قىلغان ھالىتىڭىزدە قالغان بولسىڭىز، سىزنىڭ قىلغان ھەججىڭىز توغرا بولىدۇ، سەئيى قىلغاندا ئۆمرىنى مەقسەت قىلغانلىقىڭىزنىڭ ھېچ زىيىنى يوق، چۈنكى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، ئۆمرىنى ھەجگە كىرگۈزۈشنىڭ ھېچ تەسىرى بولمايدۇ.

"كەششاپۇل قىننائ"2-توم 412-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: دەسلەپتە ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام كىيىپ، ئاندىن كېيىن ئۆمرىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرە مەقسەت قىلغان ئېھرامى توغرا بولمايدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ئېھرامنى كىيىش بىلەن قىران ھەج قىلغانمۇ ھىسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم كىيگەن ئېھرامىغا بىر نەرسە لازىم كەلمەيدۇ. يەنى كىيىنكى نىيىتى ئېتىبارسىزدۇر.

ئەگەر سىز ئېھرامدىن چىققان بولسىڭىز، يەنى چېچىڭىزنى تولۇق ئالدۇرۇپ ياكى قىسقارتىپ ئاندىن ئادەتتىكى كىيىملىرىڭىزنى كىيگەن بولسىڭىز، بۇ ئۆمرە بولىدۇ بۇمۇ خاتا ئەمەس، چۈنكى يالغۇز ھەج قىلغۇچى قۇربانلىق ئىلىپ كەلمىگەن بولسا ھەجنى مەقسەت قىلىپ كىيگەن ئېھرامنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىشى ياخشى بولىدۇ، ئاندىن (تەرۋىيە كۈنى) زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ھەجگە ئېھرام كىيىدۇ.

"كەششاپۇل قىننائ"2-توم 415-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: قىران ھەجنى ياكى يالغۇز ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام كىيگۈچى ئەگەر قۇربانلىق ئىلىپ كەلمىگەن بولسا ئۆزىنىڭ ھەجنى مەقسەت قىلغان ئېھرامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شۇ ئېھرام بىلەن ئۆمرىنى مەقسەت قىلسا ۋە ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ھەجگە ئېھرام كىيىدۇ شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى تەمەتتۇ ھەج قىلغان بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلىرىدىن قىران ياكى يالغۇز ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام كىيىپ قۇربانلىق ئىلىپ كەلمىگەنلەرنى ئۆمرە قىلىپ ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىغان.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىنسانىنىڭ ھەج نىيىتىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىپ، تەمەتتۇ ھەج قىلىشى توغرا قاراشتا تەكىتلەنگەن سۈننەت ھىسابلىنىدۇ. ["شەرھىل مۇمتىئ"10-توم 315-بەت].

ھەجنىڭ نىيىتىنى بۇزۇپ ئۆمرىگە ئۆزگەرتىشنىڭ دەلىلى: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج ئەھۋالىنى بايان قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:" پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاۋاپ قىلىپ، ساپا_مەرۋىدە سەئيى قىلىپ ئاخىرىدا مەرۋىگە كەلگەندە: مەن ھازىرقى ئىشىمنى بۇرۇن بىلگەن بولسام قۇربانلىق ئىلىپ كەلمەيتتىم، ھەجنى مەقسەت قىلغان ئېھرامنى ئۆمۈرگە ئۆزگەرتەتتىم، سىلەردىن قۇربانلىق ئىلىپ كەلمىگەنلەر، ئېھرامدىن چىقىپ ھەج نىيىتىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتسۇن دېگەن ئىدى، ساھابىلاردىن سۇراقە ئىبنى مالىك ئىبنى جۇئشەم: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بۇيرۇق مۇشۇ يىل ئۈچۈنمۇ ياكى ئەبەدىلىكمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر_بىرىگە كىرەلەشتۈرۈپ تۇرۇپ: ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام كىيىپ بۇنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىش ئەبەدىيلىك دەپ بۇ سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. [مۇسلىم رىۋايىتى

1218-ھەدىس].

بۇنىڭدىن سىزنىڭ قىلغان ھەججىڭىزنىڭ ئىككى ھالەتتە توغرا بولغانلىقى روشەنلىشىدۇ: دەسلەپتە يالغۇز ھەج (ھەججى ئىپراد) بولغان، كېيىن تەمەتتۇئ ھەججى بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەمەتتۇئ ھەج ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.